

# ئىستىقلال

2000 - يىلى 4 - ئاي
6 - سان

«شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى» ئورگان گېزىتى

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

## قايغۇلۇق خەۋەر

قايغۇلۇق خەۋەر

قايغۇلۇق خەۋەر

### قىرغىزىستان « ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى » نىڭ رەئىسى نىغمەت ئابدۇقادىر بوساقوپ قەستكە ئۇچراپ قۇربان بولدى

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىك « ئۇيغۇر ئىتتىپاقى » نىڭ رەئىسى، شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى « ۋەتەن فوندى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ جەڭچىسى، جەسۇر، ئىرادىلىك ئۇيغۇر سىياسىيون نىغمەت ئابدۇقادىر ھاجىم 2000 - يىلى 28 - مارت كۈنى ( سەيشەنبە ) بېشكەك ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 9 دا نامەلۇم قاتىللارنىڭ سۇيقەستىگە ئۇچراپ قۇربان بولدى. مەرھۇمنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان يۇزمىڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقنى چەكسىز قايغۇلاندۇردى. ۋەقەدىن كېيىن، ھەرقايسى ئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋە « قىرغىزىستان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى » رەھبەرلىك ھەيئىتىگە ئارقا - ئارقىدىن تەزىيەنامە يوللاپ، مەرھۇمنىڭ قۇربان بولغانلىقىدىن چەكسىز قايغۇرغانلىقىنى ۋە قاتىللاردىن چەكسىز نەپرەتلەنگەنلىكىنى ئىزھار قىلىش بىلەن بىرگە، مەرھۇمنىڭ ئائىلە - تاۋاباتلىرىغا جانابى ئاللاھتىن سەبىر تىلىدى. مەشھۇر سىياسىيون ئەركىن ئالپتېكىن ۋە كۆپلىگەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس بايانات ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىپ، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىدىن مەرھۇمنىڭ قاتىللىرىنى تېز ئارىدا ئېنىقلاپ چىقىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، ( داۋامى 2 - بەتتە )



### مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تۇنجى قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئاپرىلدا تۈركىيەدە چاقىرىلدۇ

ئۆز خەۋەرىمىز: « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » مەركىزى ئورگىنى، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى 2000 - يىلى 4 - ئاينىڭ 29 - 30 - كۈنلىرى ( شەنبە - يەكشەنبە ) تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە ئېچىشنى قارار قىلدى. قۇرۇلتاينىڭ مەزكۇر قارارى يېقىندا قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان تەرىپىدىن قۇرۇلتاينىڭ 15 نەپەر دائىمىي كومىتېت ئەزاسىغا يازما ھالدا ئۇقتۇرۇلدى.

مىللىي قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىغا ئاساسەن ، قۇرۇلتاينىڭ دائىمىي كومىتېت يىغىنى ھەر 6 ئايدا بىرقېتىم چاقىرىلىدۇ.

قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان مۇخبىرىمىزنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، بۇقېتىم تۈركىيەدە چاقىرىلىدىغان تۇنجى نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا، قۇرۇلتاينىڭ بۇندىن كېيىن تاشقى دۇنيادا خىتايغا قارشى يۈرگۈزىدىغان يېڭى تاكتىكا ۋە ستراتېگىيەلىرى، خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر، تىبەت، موڭغۇل ۋە دېموكراتىك خىتاي تەشكىلاتلىرى بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەتلەر، شۇنداقلا قۇرۇلتاينىڭ تەشكىلى، ئىقتىسادى مەسىلىلىرىنىڭ ئەتراپلىق ھالدا مۇزاكىرە قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

### گېرمانىيەدە ئۇيغۇرچە تىل - يېزىق ۋە دىنىي تەلىم - تەربىيە كۇرۇسلىرى ئېچىلدى

ئۆزخەۋىرىمىز: مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ ميونخىن شەھرىگە ئورۇنلاشقان « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » قارمىقىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » تەشكىلاتى، گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تىل - يېزىقىنى ۋە دىنىي ئېتىقادىنى قوغداپ قېلىش، شۇنداقلا ئۇلارغا مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە خۇسۇسىيەتلەرنى سىڭدۈرگەن ئاساستا تەربىيلەپ چوڭ قىلىش مەقسىدىدە مەخسۇس ئۇيغۇرچە تىل - يېزىق كۇرسى ۋە دىنىي تەلىم - تەربىيە كۇرسى ئاچتى.

( داۋامى 3 - بەتتە )



### ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى، خەلقارا ھەركەت ۋە ئىنسان ھوقۇقى شۆبە كومىتېتى يېقىندا خىتايدا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا بىر گۇۋالىق بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ( داۋامى 3 - بەتتە )

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى

# تەيۋەن خەلقى مۇستەقىللىقنى خالايدۇ

ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ 3 - مارت تەيىيىدىن بەرگەن خەۋىرى: تەيۋەن مەتبۇئاتى جۈمە كۈنى ئېلان قىلغان خەلقنىڭ رايىنى سىناشتا، تەيۋەن خەلقىنىڭ « بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم » ئاستىدا ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل شەرت - شارائىت ئاستىدىمۇ خىتاي بىلەن بىرلىشىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تەيۋەننىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ئىشلىرى كومىتېتى ئېلىپ بارغان بۇ تەكشۈرۈشتە، تەيۋەن خەلقىنىڭ 73 پىرسەنتى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شاڭگاڭ، ئاۋمېنلاردا يولغا قويغان « بىر دۆلەت ئىككى خىل تۈزۈم » سىياسىتىنى قەتئى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 35 پىرسەنت تەيۋەنلىك، تەيۋەننىڭ ھازىرقى يېرىم مۇستەقىللىق ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بۇ قېتىمقى خەلقنىڭ رەيىنى سىناشقا 1100 گە يېقىن تەيۋەنلىك قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خىتاي بىلەن دەرھال بىرلىشىشنى خالايدىغانلار بىر پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىكەن.

# قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان، تەيۋەننىڭ يېڭى پرېزىدېنتى چېن شۈيبيەن ئەپەندىگە تەبرىك خېتى يوللىدى

ئۆز خەۋىرىمىز: بۇيىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى پرېزىدېنت سايلىمىدا، تەيۋەندىكى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى بولغان « دېموكراتىك ئىلغارلار پارتىيەسى » نىڭ رەئىسى چېن شۈيبيەن ئەپەندى تەيۋەننىڭ يېڭى دۆلەت پرېزىدېنتلىقىغا سايلاندى. چېن شۈيبيەن ئەپەندىنىڭ سايلامدىكى غەلىبىسى، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئەجەللىك بىر زەربە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقلىرىغىمۇ يېڭى ئۈمىت ۋە ئىشەنچ ئېلىپ كەلدى. چۈنكى تەيۋەندىكى « دېموكراتىك ئىلغارلار پارتىيەسى » باشتىن - ئاخىر تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ۋە خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى ئۇيغۇر، تىبەت ۋە موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ پارتىيە بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرى 1991 - يىلى باشلانغان بولۇپ، ئۇلارمۇ قىسقارتىلغان نامى « ئۇنپو » دەپ ئاتالغان « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى » غا ئەزا بولۇپ، ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن بىرگە مۆرىنى - مۆرىگە تىرەپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تەيۋەن خەلقىنىڭ خىتايدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشاش ئارزۇلىرىنى ئاڭلىتىشقا تىرىشىپ كەلگەن ئىدى. ئەينى چاغدا مەشھۇر ئۇيغۇر سىياسىيون ۋە مىللىي رەھبەر ئەركىن ئالپتېكىن « ئۇنپو » تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى ۋە كېيىن رەئىسى بولدى، ھازىر بولسا مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ باش كاتىۋى. 1998 - يىلى ئەركىن ئەپەندى تەيۋەن دېموكراتىك ئىلغارلار پارتىيەسىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن تەيۋەنگە بېرىپ، تەيبېي ۋە گاۋشوڭ شەھىرىدە بۇ پارتىيە تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئىنسان ھەقلىرى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ۋە ئەينى چاغدا تەيبېي شەھىرىنىڭ باشلىقى ۋە ھازىرقى پرېزىدېنت چېن شۈيبيەن ئەپەندى بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشكەن ئىدى، چېن ئەپەندىمۇ ئەينى چاغدا ئەركىن ئالپتېكىن بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇيغۇر، تىبەت قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى تولۇق قوللايدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇچاغدا تەيۋەندە تەيۋەنلىك مۇستەقىلچىلار، تىبەتلىكلەر، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ۋە ئىچكى موڭغۇلىستانلىقلار ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى قوللاش ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىش ھەققىدە دەسلەپكى كېلىشىمنامە ئىمزالانغان ئىدى ۋە شۇنىڭدىن بۇيان بۇ تۆت تەرەپ ئۆزئارا ھەمكارلىقنى ئىزچىل تۈردە يولغا قويۇپ كەلمەكتە.

چېن شۈيبيەن ئەپەندى تەيۋەننىڭ پېزىدېنتلىقىغا سايلانغاندىن كېيىن، 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان چېن شۈيبيەن ئەپەندىگە ئالاھىدە مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنىڭ تەيۋەنگە پرېزىدېنت بولۇپ سايلانغانلىقىنى مۇبارەكلىدى.

رەئىس ئەنۋەرجاننىڭ چېن ئەپەندىگە يوللىغان تەبرىك خېتىدە قىسقىچە مۇنداق دېيىلگەن:

« جانابىڭىزنىڭ تەيۋەن جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتلىقىغا سايلانغانلىقىڭىزنى چىن يۈرىكىمىزدىن تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، بۇقېتىمقى تارىخىي ئەھمىيەتلىك سايلامنىڭ نەتىجىسىگە يۇقۇرى باھا بېرىمىز. بىز، سىزنىڭ پرېزىدېنتلىقىڭىز ئاستىدا تەيۋەن خەلقىنىڭ تېنچ، بەختىيار، پاراۋان ياشىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز، شۇنداقلا سىزنىڭ پرېزىدېنت بولۇپ سايلىنىشىڭىزنىڭ، ھازىر خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان باشقا مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدىغانلىقىغا ۋە شۇنىڭغا ھەسسە قوشالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. بىزنىڭ تاشقى دۇنيادىكى مىللىي رەھبىرىمىز ئەركىن ئالپتېكىنمۇ ئەنەشۇ يۇقارقى غايە - مەقسەت بىلەن جانابىڭىزنىڭ پارتىيەسى بىلەن بىرلىكتە « ئۇنپو » تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى. جاناپلىرىغا مەلۇم بولغايكى، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » - مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگانىدۇر ».

# خىتاينىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسى دۇنيا بويىچە 66 - ئورۇندا تۇرماقتا

گەرچە خىتاي ھەربى قورال - ياراق ۋە ئىقتىسادى كۈچ جەھەتتە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرىپ ئەللىرىگە تەھدىت سالالايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئاران 66 - ئورۇندا تۇرماقتا.

خىتايدا نەشىر قىلىنىدىغان « گۇاڭجۇ كۈندىلىك گېزىتى » نىڭ بۇيىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى ساندا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىدا، خىتاينىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنىڭ دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىنمۇ تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ۋە خىتاينىڭ يەنە 13 يىلدىن كېيىن ئاران زامانىۋىلىشىشنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلىشالايدىغانلىقى بايان قىلىندى.

مەزكۇر ماقالىدا يەنە، 60 - يىللاردا ئامېرىكىنىڭ زامانىۋىلىشىش مەسىلىلىرى مۇتەخەسسى يىڭكېرسىنىڭ ئوخشىمىغان تىپتىكى 6 دۆلەتتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، زامانىۋىلىشىشنىڭ 10 خىل ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ۋە ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان زامانىۋىلىشىش ئۆلچەملىرىنىڭ پۈتۈن دۇنيا تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىقى تەكىتلەندى. مەزكۇر ماقالىدا بايان قىلىنىشىچە، خىتاي ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇتەخەسسى جۇچىڭفاڭ، ئامېرىكىلىق مۇتەخەسىس ئوتتۇرىغا قويغان زامانىۋىششىش ئۆلچەملىرىگە ئاساسەن ۋە شۇنداقلا دۇنيا بانكىسى نەشىر قىلىپ تارقاتقان « 2000 - يىللىق دۇنيا تەرەققىياتى دوكلاتى » بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پەن - مائارىپ يىلنامىسى ھەم ئەمگەك يىلنامىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ بىرمىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە 120 دۆلەت ۋە رايوندا زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسى جەھەتتە ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈپ باھالاش ئېلىپ بارغان.

ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكا زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن ھەمدە ئامېرىكا بىلەن بىرگە رەت تەرتىۋى بويىچە نورۋېگىيە، دانىيە، بىلگىيە، ئىتالىيە، شۋېتسارىيە، ياپونىيە، ئاۋۇستىرىيە، كانادا، فىنلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەر دۇنيا بويىچە ئالدىنقى 10 قاتاردا ئىكەن. خىتاي بولسا دۇنيا بويىچە 66 - قاتاردا بولۇپ، ئامېرىدىن 3.4 ھەسسە تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىكەن.

خىتاي مۇتەخەسسلىرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق يەنە، خىتاينىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنىڭ دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن 19 پىرسەنت تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا خىتاينىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئومومى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، 3 - ئىشلەپچىقىرىش كەسپى، شەھەرلىشىش، غەيرى دېھقانچىلىقنىڭ كەسپلىشىش نىسبىتى ۋە ئالى مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىسبىتى قاتارلىق جەھەتلەردە دۇنيانىڭ زامانىۋىلىشىش ئۆلچىمىگە توشمايدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى 70 - ۋە 80 - يىللاردىن ئېتىبارەن پۈتۈن مەتبۇئاتلىرىدا « 2000 - يىلى زامانىۋىلىشىشنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز » دەپ داۋراڭ سېلىپ، ئۆزىنىڭ پۇخرالىرىنى قۇرۇق سوسكا بىلەن ئالداپ كەلگەن ئىدى، مانا ھازىر دۇنيا 2000 - يىلىغا رەسمى قەدەم قويدى، ئەمما خىتاي زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتە يەنە 13 يىلدىن كېيىن ئاران دۇنيانىڭ زامانىۋىلىشىش ئۆلچىمىنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلىشالايدىغانلىقى ھەتتا خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدىمۇ ئوچۇق بايان قىلىنىپ تۇرماقتا.

## قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان، « 23 - ئاپرېل » تۈرك دۇنياسى باللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيەنىڭ پرېزىدېنتى سۇلايمان دەمىرەلگە مەكتۇپ يوللىدى





بىز خەۋەرىمىز: 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، 23 - ئاپرېل تۈركىيەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان « تۈرك دۇنياسى باللار بايرىمى » مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيەنىڭ پرېزىدېنتى سۇلايمان دەمىرەلگە ئالاھىدە مەكتۇپ يوللاپ، پرېزىدېنت جانابلىرىدىن مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تۈركىيەدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئۆسمۈرلىرى سەنئەت ئۆمىكى » نىڭ تۈرك دۇنياسى باللار بايرىمى پائالىيىتىگە قاتنىشىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجاننىڭ مەكتۇبىدا قىسقىچە مۇنداق دېيىلگەن: « مۆھتەرەم پرېزىدېنت جانابلىرى، ئۇلۇغ ئاتىمىز مۇستافا كامال ئاتا تۈركنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئۆسمۈرلىرىگە تەقدىم قىلغان « 23 - ئاپرېل » مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئۆسمۈرلەر بايرىمى يېقىنلاشماقتا. بۇ بايرامدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى يۈزلەرچە مىللەت ۋە توپلۇلۇقتا ۋەكىللىك قىلىدىغان مىڭلارچە ئۆسمۈر جانابلىرىنىڭ ھىمايىسىدە تۈركىيەگە كېلىپ، بۇ ھەشەمەتلىك بايرامنى قۇتلۇقلايدۇ.

بىزنىڭ تۈركىيەدە « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى تەركىۋىگە مەنسۇپ بىر ئۆسمۈرلەر سەنئەت ئۆمىكى مەۋجۇتتۇر، ئەپسۇسكى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى ھېساپلانغان تۈركىيەدىكى « 23 - ئاپرېل » باللار بايرىمىغا قاتنىشىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، تۈركىيەدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئۆسمۈرلىرى سەنئەت ئۆمىكى » بۇقېتىمقى بايرامغا شەرقىي تۈركىستان ئۆسمۈرلىرىگە ۋاكالىتەن قاتنىشىشنى ئارزۇ قىلماقتا، شۇڭا بىز بۇ ئارزۇيىمىزنى جانابلىرىغا ئالاھىدە بىلدۈرمەكچىمىز ».



( بېشى 2 - بەتتە )

ئېلىنىشى چەكلەنگەن، بىراق ساقچىلار ۋە خەۋپسىزلىكنى ساقلاش تارماقلىرىنىڭ خادىملىرى ئۆتۈلغانلارنى قىينايدۇ ۋە ئۇلارغا قارشى ئىنسانىنىڭ شان - شەرىپىگە ھاقارەت قىلىدىغان شەكىلدە، ناھايىتى قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ » دېيىلگەن.

دوكلاتتا يەنە، يىل بويىچە خىتاي ھاكىمىيەت ئورگانلىرى سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى بېسىقتۇرۇش مەركىزىنى كەڭ قانات يايدۇرغانلىقىنى، دىنىي ئەركىنلىكنى چەكلىگەنلىكىنى، مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى چەكلىگەنلىكىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قاتتىق بېسىم ئىشلەتكەنلىكىنى، تۇتقۇنلارنىڭ ساقچىلار ۋە خەۋپسىزلىكنى ساقلاش تارماقلىرىنىڭ خادىملىرى تەرىپىدىن ئېتىپ، ياكى قىيناپ ئۆلتۈرۈلۈشىگە پەرۋاسىز قاراپ، يول قويۇپ بەرگەنلىكى بايان قىلىنىپ، « ئىنسان ھەقلىرى بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ۋە تىبەتتە جىددىي رەۋىشتە دەپسەندە قىلىندى » دەپ ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان بۇ دوكلاتنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى بۆلۈمىنى « بىرلىك » ژۇرنىلىنىڭ كېيىنكى ساندا دىققىتىڭلارغا ھاۋالە قىلىمىز.

## بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىۋى كوفى ئاناننىڭ ۋەكىلى، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » غا جاۋاپ مەكتۇبى يوللىدى

ئۆز خەۋىرىمىز: ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، گېزىتىمىزنىڭ ئۆتكەنكى ساندا، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجاننىڭ، « 10 - دېكابىر دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى » مۇناسىۋىتى بىلەن، « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى » نىڭ باش كاتىبى كوفى ئانانغا ئالاھىدە مەكتۇپ يوللاپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلىقى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە خىتاي ھاكىمىيىتىگە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشكە چاقىرغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن ۋە كوفى ئانانغا يېزىلغان مەكتۇپنىڭ تولۇق تېكىستىنى دىققىتىڭلارغا سۇنغان ئىدۇق.

بۇيىل 2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىبى كوفى ئاناننىڭ مەخسۇس ۋەكىلى ھامىت گاھام ئەپەندى قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجانغا جاۋاپ مەتۇبى يوللىدى.

ھامىت گاھام ئەپەندىنىڭ جاۋاپ مەكتۇبىدا ئەينەن مۇنداق دېيىلگەن:

« ھۆرمەتلىك ئەنۋەرجان، جانابىڭىزنىڭ بىزگە يوللىغان مەكتۇبىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىمىزنى بۇ ئۇچۇرىمىز بىلەن ئەستىقلىماقچىمىز. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېگىشلىك مۇنبەرلىرىدە ئەستىقلانغان قارارلار ئاساسىدىكى كۆنتەرتىپ بويىچە، سىز ئىۋەتكەن مۇراجاتىنىڭ بىر نۇسخىسى تېگىشلىك دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ، شۇنداقلا بۇ مۇراجاتىنىڭ قىسقارتىلغان مەزمۇنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرىگە قاراشلىق كومىسسىيەلىرىگە ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش ۋە تەشەببۇس قىلىش بويىچە ئاساسى قاتلام كومىسسىيەسىگە تەقدىم قىلىنىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن:
ھامىت گاھام
( خىزمەت بۆلۈمى باشلىقى )

جاۋاپ مەكتۇبىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى:



NATIONS UNIES
HAUT COMMISSARIAT AUX DROITS DE L'HOMME

UNITED NATIONS
HIGH COMMISSIONER FOR HUMAN RIGHTS

Palais des Nations
CH 1211 Geneva 10

G/SO 215/1 CHINA 1942

29 February 2000

Your communication
dated 10 December 1999

Dear Mr. Can,

This is to acknowledge receipt of your communication referred to above.

In accordance with a procedure set out in the enclosed resolutions, a copy of your communication will be sent to the authorities of the country concerned and a summary of it will be confidentially submitted to the Commission on Human Rights and the Sub-Commission on the Promotion and Protection of Human Rights.

Yours sincerely,

Hamid Gaham
Chief,
Support Services Branch

# دىنىي ئەقىدىلەر

## ( مۇھىم ئەقىدىلەر )

مۇئەللىپى : ئابدۇقادىر داموللام

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇلجېلىل تۇران

### مېھرىبان، شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

س : ئىنساننىڭ بەختلىك بولۇشى ۋە ئۇلۇغلۇقى نېمە بىلەن بولىدۇ ؟

ج : ھەق ۋە راست دىننى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ.

س : ھەق ۋە راست دىن قايسى دىندۇر ؟

ج : ھەق ۋە راست دىن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ئىسلام دىنىدۇر.

س : ئىنسان نېمە بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىپ، مۆمىن ۋە مۇسۇلمان بولىدۇ؟

ج : كەلىمە تەييىبەنى تىلغا جارى قىلىپ، مەنىسىنى بىلىپ، دىلى بىلەن تەستىق ۋە قوبۇل قىلىش بىلەن بولىدۇ.

س : كەلىمە تەييىبە قايسى كەلىمىدۇر ؟

ج : كەلىمە تەييىبە « لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ » دۇر .

س : بۇ كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى نېمەدۇر ؟

ج : بىر ئاللاھ تىن باشقا ھېچقانداق مەبۇد ۋە خالىق يوقتۇر . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بىزلەرگە ئىبەرگەن ئەلچىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر.

س : قانداق كىشى كامىل مۆمىن ۋە مۇسۇلمان بولىدۇ ؟

ج : ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن ھۆكۈملەرگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا بويسۇنغان كىشى كامىل مۆمىن ۋە مۇسۇلمان بولىدۇ.

س : ئىمان نېمەدۇر ؟

ج : ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتاپلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىشتۇر.

س : ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش نېمە بىلەن بولىدۇ ؟

ج : ئاللاھ تائالا باردۇر، بىردۇر، قەدىمدۇر ( ئەزەلدىن باردۇر ) ۋە ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بارلىق سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگۈچىدۇر. ھەرقانداق ئەيىپ، نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك ۋە يىراقتۇر.

س : ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى قايسى سۈپەتلەردۇر ؟

ج : ئاللاھ تائالا « ھەييۇن » ، « ئالىمۇن » ، « مۇرىدۇن » ، « قادىرۇن » ، « مۇتەكەللىمۇن » ، « مۇكەۋۋىنۇن » ، « سەمىئۇن » ، « بەسىرۇن » دۇر.

س : « ھەييۇن » نىڭ مەنىسى نېمەدۇر ؟

ج : ئاللاھ تائالا تىرىكتۇر، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ. تىرىكلىكى جىسىم ۋە جان بىلەن ئەمەستۇر. بەلكى ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن تىرىكتۇر.

س : « ئالىمۇن » نىڭ مەنىسى نېمە ؟

ج : ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىلەرنى مەيلى ئاشكارا مەيلى يوشۇرۇن بولسۇن تامامەن بىلگۈچىدۇر. ھېچقانداق نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىدىن تاشقىرى ئەمەستۇر. بىلىش ئەقىل ۋە زېھنى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن بىلگۈچىدۇر.

س : « مۇرىدۇن » نىڭ مەنىسى نېمەدۇر ؟

ج : ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلغۇچىدۇر. ھەممە نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى بىلەن بولىدۇ.

س : « قادىرۇن » نىڭ مەنىسى نېمەدۇر ؟

ج : ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر. ھېچقانداق نەرسىدىن ئاجىز ئەمەستۇر.

س : « مۇتەكەللىمۇن » نىڭ مەنىسى نېمەدۇر ؟

ج : ئاللاھ تائالا سۆزلىگۈچىدۇر. قۇرئانى كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر. ئۇنىڭ سۆزلىشى تىل ۋە ئېغىز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە مۇناسىپ سۈپىتى بىلەن سۆزلىگۈچىدۇر.

س : « مۇكەۋۋىنۇن » نىڭ مەنىسى نېمىدۇر ؟

ج : ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچى ۋە يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر. ھەممە نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشى بىلەن پەيدا بولغان ۋە بارلىققا كەلگەن.

س : « سەمىئۇن » نىڭ مەنىسى نېمەدۇر ؟

ج : ئاللاھ تائالا ھەممە ئاۋازلارنى ئاڭلىغۇچىدۇر. ئاڭلىشى قۇلاق بىلەن ئەمەس بەلكى، ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن ئاڭلىغۇچىدۇر.

س : « بەسىرۇن » نىڭ مەنىسى نېمىدۇر ؟

ج : ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى كۆرگۈچىدۇر. ھەتتاكى قاراڭغۇ كېچىدە قارا تاشنىڭ ئۈستىدىكى قارا چۈمۈلىلەرنىڭ ھەركەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. : كۆرۈشى كۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە مۇناسىپ سۈپىتى بىلەن كۆرگۈچىدۇر.

س : پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش قانداق بولىدۇ ؟

ج : ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرى باردۇر. ئاللاھ ئۇلارنى نۇردىن ياراتقاندۇر. ئۇلار ئەركەك ياكى چىشى بولمايدۇ. ئۇلار يېمەيدۇ ۋە ئىچمەيدۇ. ئۇلار دائىم ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدە بولغان ئېزىز ۋە مۇقەددەس بەندىلەردۇر. ئۇلارنىڭ مۇقەررەب ۋە مۇرسەللىرى ( ئاللاھغا يېقىن ۋە ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىرى ) جىبرائىل، مىكائىل، ئىسراپىل ۋە ئەزرائىل ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

س : كىتاپلارغا ئىمان كەلتۈرۈش قانداق بولىدۇ ؟

ج : ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەرگە كىتاپلار ئىبەرگەن. ئۇ كىتاپلاردا : ئەمرى ۋە نەھى، ۋەد، ۋەئىدلەر ( ياخشىلىققا ۋەدىلەر يامانلىققا تەھدىدلەر )، بەندىلەرنىڭ دىن ۋە دۇنيادىكى پايدا - زىيانلىرى بايان قىلىنغان. ئۇ كىتاپلار : تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر، فۇرقان ( قۇرئان ) ۋە باشقا كىتاپلاردۇر. بۇ كىتاپلارنىڭ ھەممىدىن ئەۋزەلى قۇرئان كەرىمدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمى قىيامەتكىچە باقىدۇر.

س : پەيغەمبەرلەرگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز ؟

ج : ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى توغرا يولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئۆز پەزلى بىلەن پەيغەمبەرلەرنى ئىبەرگەندۇر. ئۇلار ئىنسانلارنى تەۋھىد ( ئاللاھ تائالانى بىر دەپ بىلىش ) ۋە ياخشى ئىشلارغا ۋە ياخشى ئەخلاقلارغا دەۋەت قىلىپ، شىرىك ( ئاللاھ تائالاغا باشقا بىرىنى شېرىك قىلىش ) ۋە يامان ئىشلاردىن توسقاندۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھلاردىن خالى، پاك زاتلاردۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىنچىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئاخىرى ۋە ھەممىسىدىن ئەۋزىلى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

س : قىيامەت كۈنىگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز ؟

ج : قىيامەت كۈنى بەندىلەرنىڭ ياخشى - يامان ئەمەللىرىگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدىغان كۈن بولۇپ، ئۇ كۈن ھەق ۋە راستتۇر. ئۇ كۈن توغرىسىدىكى قۇرئان كەرىم ۋە سەھى ھەدىسلەردە زىكىر قىلىنغان مەلۇماتلار تامامەن ئاشكارا. ئۇنىڭ بولۇشى ھەق ۋە راستتۇر.

س : تەقدىرگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز ؟

ج : بەندىلەرنىڭ مەيلى ياخشى مەيلى يامان ئەمەللىرى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا ياخشى ئەمەللەرگە رازى، يامان ئەمەللەرگە رازى ئەمەستۇر.

س : ئىسلام دېگەن نېمە ؟

ج : شاھادەت ئېيتىش ( مۇسۇلمان بولۇش ) ، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش ۋە ھەج قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

س : شاھادەت ئېيتىش دېگەن نېمە ؟

ج : « ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق مەبۇد ( ئىبادەت قىلىشقا لايىق ئىلاھ ) ۋە خالىق ( پۈتۈن مەۋجۇداتلارنى يوقتىن بار قىلغۇچى ) يوقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بىزلەرگە ئىبەرگەن ئەلچىسى ۋە ھەق پەيغەمبىرىدۇر » دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر.

س : ناماز ئوقۇشنىڭ مەنىسى نېمە ؟

ج : بەش ۋاقىت نامازنى شەرىئەت كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق، توغرا ئوقۇماقتۇر.

س : زاكات بېرىشنىڭ مەنىسى نىمىدۇر ؟

ج : ئىقتىسادى ئەسلى ھاجىتىدىن زىيادە بولۇپ، زاكات بېرىش مىقدارىغا يەتسە زاكات بېرىشتۇر. زاكاتنىڭ مەنىسى « مالنى پاك قىلماق » تۇر. زاكاتنى بەرمىگەن مال نىجىستۇر. زىرائەتنىڭ زاكاتى ئۆشرە ۋە خىراجدۇر. ئۆشرە ۋە خىراج بەرمىگەن زىرائەت پاك ئەمەستۇر.

س : روزا تۇتۇشنىڭ مەنىسى نېمىدۇر ؟

ج : رامزان ئېيىدا تاڭدىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغىچە يېمەك - ئىچمەك ۋە جىنسى ئالاقە قىلىشنى روزا تۇتۇش نىيىتى بىلەن تەرك ئېتىشتۇر.

س : ھەج قىلىشنىڭ مەنىسى نېمىدۇر ؟

ج : بەيتۇللاغا بېرىپ كەلگۈچە يول خىراجىتىگە ۋە ئائىلىسىنىڭ نەپىقە ۋە ئېھتىياجلىرىغا يەتكۈدەك نەرسىگە ئىگە بولغان كىشىگە، ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشتۇر.

س : ئىماننىڭ خۇلاسىسى نېمىدۇر ؟

ج : مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن كەلتۈرگەن ۋە پەيغەمبەر تەرىپىدىن ئۇقتۇرۇلغىنى ئېنىق بولغان ئەمىرلەرگە تىل بىلەن ئىقرار ۋە دىل بىلەن تەسدىق قىلماقتۇر.

س : ئىلىم تەلەپ قىلماق نېمىدۇر ؟

(داۋامى 3 - بەتتە)

## مىللىي قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى تۈركىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدىكى كونسۇلخانىسىنى زىيارەت قىلدى



ئۆز خەۋىرىمىز: « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان، قۇرۇلتاي تەشۋىقات - تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، « ئۇچقۇن » ۋە « ئىستىقلال » گېزىتلىرىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى پەرھات مۇھەممەدى قاتارلىقلار يېقىندا تۈركىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدىكى كونسۇلخانىسىنى زىيارەت قىلىپ، كونسۇل نورۇنباسارى بىلەن ئايرىم كۆرۈشتى. كۆرۈشۈش جەريانىدا قۇرۇلتاي مەسئۇللىرى كونسۇل ئەپەندىگە ئالدى بىلەن، ئۆتكەن يىلى ئۆكتەبىردە گېرمانىيەدە قۇرۇلغان « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ مەقسىدى، غايىسى ھەم ۋەزىپىلىرى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ياۋروپادىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرى ھەققىدىمۇ ئەتراپلىق چۈشەنچە بەردى. ئۇندىن باشقا ئۇلار يەنە كونسۇل ئەپەندىدىن، گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تۈۋقان يوقلاش، ساياھەت ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن تۈركىيەگە بېرىشى ئۈچۈن ۋىزا جەھەتتە قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى ئالاھىدە تەلەپ قىلدى. كونسۇل نورۇنباسارى قۇرۇلقاي مەسئۇللىرىنىڭ بۇ تەلىۋىگە ئىجابى جاۋاپ بەردى ۋە « ئەگەر گېرمانىيەدىكى تەشكىلاتلاردىن تۈركىيەگە بارىدىغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن گۇۋالىق بېرىپ بەرسەڭلار، ئۇلار ھېچبىر توسالغۇغا ئۇچرىماي تۈركىيەگە ئەركىن ھالدا بېرىپ كېلەلەيدۇ » دەپ تەكىتلىدى.

بۇقېتىمقى كۆرۈشۈشتە قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى كونسۇل ئەپەندىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى ۋە مىللىي قۇرۇلتاي سىمۋۇل قىلىنغان خاتىرە بۇيۇملارنى تەقدىم قىلدى.

## « مىللىي كۆرۈش » تەشكىلاتى رەھبەرلىرى قۇرۇلتىيىمىزنىڭ مەركىزى ئورنىنى زىيارەت قىلدى



ئۆز خەۋىرىمىز: يېقىندا، ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام تەشكىلاتى ھېساپلانغان « مىللىي كۆرۈش » تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىبى مەمەت سەبرى ئەرباكان باشچىلىقىدىكى بىرھەيئەت، تەشكىلات مەركىزى جايلاشقان گېرمانىيەنىڭ كۆللۈن شەھرىدىن ئالاھىدە مىيونخېن شەھرىگە كېلىپ، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى مەركىزى ئورگىنىنى زىيارەت قىلدى ۋە مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشتى.

مەمەت سەبرى ئەرباكان رىياسەتچىلىكىدىكى « مىللىي كۆرۈش » تەشكىلاتى ھەيئىتىنى، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، قۇرۇلتاينىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش، قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان قاتارلىقلار قۇرۇلتاي مەركەز ئىشخانىسىدا قىزغىن ۋە سەممىي ھالدا كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلارغا مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مەقسىدى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ياۋروپادىكى پائالىيەت ئەھۋالى قاتارلىق مەزمونلاردا ئەتراپلىق مەلۇمات بەردى.

كۆرۈشۈشتە قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان ئالاھىدە سۆز قىلىپ، « مىللىي كۆرۈش » تەشكىلاتىنىڭ يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ھەرىكەتلىرىنى باشتىن - ئاخىر تولۇق قوللاپ ۋە ھىمايە قىلىپ كەلگەنلىكىگە ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ھازىرقىدەك قېرىنداشلارچە دوستانە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەڭگۈ داۋام قىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى. كۆرۈشۈش جەريانىدا ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە ئۆزئارا خاتىرە بۇيۇمى تەقدىم قىلدى.



ئۆتكەن يىلى ئۆكتەبىردە گېرمانىيەدە « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى چاقىرىلغاندىن كېيىن، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان رىياسەتچىلىكىدىكى بىر ھەيئەت كۆللۈن شەھرىگە بېرىپ « مىللىي كۆرۈش » تەشكىلاتىنىڭ مەركىزى ئورگىنىنى زىيارەت قىلغان ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرىگە مىللىي قۇرۇلتاي ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن ئىدى، شۇنداقلا ئۇلار « مىللىي كۆرۈش » رەھبەرلىرىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايرىقىنى ۋە ئۇيغۇرچە قۇرئانى كەرىمنى تەقدىم قىلغان ئىدى.

گېزىتنىڭ ساھىبى قۇرۇلتاي
نامىدىن: ئەنۋەرجان
مەسئۇل مۇھەررىرى:
پەرھات مۇھەممەدى
تەھرىر: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
مۇنتاژ: ئۆمەرجان شاھيارى
كوررېكتور: ئۇچقۇن قەشقىرى

تەھرىرھەيئەت ئەزالىرى:
ھاجى ياقۇپ (تۈركىيە
ئابلىكىم باقى (تۈركىيە
سىدىقھاجى رۇزى (ئامېرىكا
ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋستىرالىيە
سىيىتجان قەيسەر (ئۆزبەكىستان
ئەختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان
ئەسقەرجان (گېرمانىيە
قەھرىمان غوجامبەردى (قازاقىستان

گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر، گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ، ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخبارات - ئۇچۇرلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
HypoVereinsbank
Konto Nr:
43728446
BLZ:70020270

ئادرېسىمىز:
Ostturkistanischer
(Uigurischer)
National Kongress
Landwerstr 17
80336 Munchen
Germany
Tel:
0049 89 55 86 99 86
Fax:
0049 89 55 86 99 87

# ئىستىقلال

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

2000 - يىلى 4 - ئاي
7 - سان


## ئۇيغۇر داۋاسى دۇنيا سىياسىي مۇنبىرىدە:

## مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ 5 نەپەر ۋەكىلى دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ 56 - قېتىملىق يىغىندا



ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » مەركىزى ئورگىنى، قۇرۇلتاي تەسىس قىلىنىپ بىرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە خەلقئارا سىياسىي سەھنىلەردە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋاپىقىيەتلىرى بىلەن، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەلقىمىزگە يېڭى ئۈمىت ۋە ھاياجان ئېلىپ كەلمەكتە. بۇيىل 2 - ئايدا قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىنى گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، تاشقى دۇنيادىكى مىللىي بىرلىكىمىزنى خەلقئارادا قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە قىلغان قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى، بۇيىل ئاپرېلدا شۋېتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ 56 - قېتىملىق ئومومىي يىغىنغا 5 كىشىلىك بىر ھەيئەت بىلەن ئىشتىراك قىلىپ، مىللىي داۋايىمىزنى خەلقئارالاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم قەدەم تاشلىدى. ( داۋامى 2 - بەتتە )

## مىللىي قۇرۇلتاينىڭ گېرمانىيەدە قانۇنىي سالاھىيەتكە ئېرىشكەنلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنى چەكسىز سۆيۈندۈردى



ئۆز خەۋىرىمىز:« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ نىزامنامىسىنىڭ گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنىي تەستىقىدىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر جامائىتىنى چەكسىز سۆيۈندۈردى ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي مۇجادىلىمىزنىڭ كېلەچىكىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ۋە ئۈمىدىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. بۇيىل 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى مىللىي قۇرۇلتاي قانۇنىي سالاھىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىۋى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلارغا زىيارەتكە بېرىپ، بۇيەردىكى بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ۋە ئۇيغۇر جامائىتىگە مىللىي قۇرۇلتاي تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان ياۋروپا مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي پائالىيەتلەر ھەققىدە مەلۇمات بەردى. ( داۋامى 5 - بەتتە )



چەتئەل ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرى، نىغمەت ئابدۇقادىر بوساقوپ ھاجىمنىڭ قەستكە ئۇچراش ۋاقتىنىڭ، شائخەي ئاكلاشمىسىغا ئەزا 5 دۆلەتنىڭ دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرىي يىغىنىغا توغرا كېلىپ قالغانلىقىنى « ھەرگىزمۇ تاسادىپىلىق ئەمەس » دەپ قارىماقتا ( 7 - بەتتە )

« ئۇنپو » نىڭ باش كاتىۋى ۋە مەشھۇر ئۇيغۇر سىياسىيون ئەركىن ئالپتېكىن گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى »، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى »، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، قاتارلىق تەشكىلاتلارنى زىيارەت قىلدى. ( مەزمۇنى 4 - بەتتە )

گېرمانىيەنىڭ فرانكفۇرت شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن « ئىنسان ھەقلىرىنى قورال كۈچى ئارقىلىق ھەل قىلىش مۇمكىنمۇ؟ » دىگەن تېمىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى

( مەزمۇنى 7 - بەتتە )

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشىر قىلدى

# مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ 5 نەپەر ۋەكىلى دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ 56 - قېتىملىق يىغىنىدا

( بېشى 1 - بەتتە ) گەرچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ ئۆتكەن يىلى چاقىرىلغان 55 - قېتىملىق يىغىنى مەزگىلىدە ياۋروپادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتپان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى مەزكۇر يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋە لسموۇ، ئەپسۇسكى ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن پەقەت بىرلا كىشى ئەينى چاغدىكى يىغىنغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ۋە پائالىيەت دائىرىسى ئىنتايىن چەكلىك بولغان ئىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ بۇيىللىق ئومۇمىي يىغىنى يېقىنلىشىۋاتقان مەزگىلدە، مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتى جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ بۇقېتىم جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىنغا قاتنىشىشى ئۈچۈن زىمىن ھازىلاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە بۇ تەشكىلاتلارنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت - ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. نەتىجىدە مىللىي قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى جەنۋەدە چاقىرىلىدىغان دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا 5 كىشىلىك بىر ھەيئەت بىلەن قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى.




ۋەزىيىتى، ئۆتكەن يىلى 8 - ئايلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن خوتەن ۋەقەسىدىن بۇيانقى ھادىسىلەر، رابىيە قادىر ۋەقەسى قاتارلىق مەزمۇنلاردا ناھايىتى ئىخچام دوكلات بېرىپ ئۆتتى ۋە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان فاشىستىك قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق پاش قىلىش بىلەن بىرگە، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە خىتاي ھاكىمىيىتىگە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشكە، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەققانىي كۆرەشلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە چاقىردى. قۇرۇلتاي ۋەكىلىنىڭ قىسقا دوكلاتى يىغىن ئەھلىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. يىغىن جەريانىدا قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى يەنە مىللىي قۇرۇلتىيى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » تەشكىلاتىنىڭ نامىدا ھازىرلانغان 3 خىل نۇسخىدىكى نەچچە يۈز پارچە تەشۋىقات ۋارىقىنى يىغىن زالىدىكى ھەرقايسى ۋەكىللەرگە ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنى مەسئۇللىرىغا تارقىتىپ بەردى. بۇ تەشۋىقات ۋاراقلىرىنىڭ بىر نۇسخىسىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، جۇغراپىيەلىك ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، 2 - نۇسخىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق مىللەت ئىكەنلىكى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان، 3 - نۇسخىسىدا بولسا شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا ۋەقەسىدىن بۇيانقى ئومۇمىي سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان تۈرلۈك شەكىلدىكى زۇلۇملىرى ھەم زوراۋانلىقلىرى پاش قىلىنغان. ئۇندىن باشقا يەنە ئۇيغۇر ۋەكىلىرى يىغىن ئارىلىقلىرىدا گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن بەزى خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۆرۈشۈپ ۋە سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ دەردلىرىنى ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئاڭلىتىشقا تىرىشتى.

### قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى بىرلەشمە نامايىشتا

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ۋە تىبەتلىكلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى بىرلەشكە نامايىش ئۆتكۈزدى. بۇقېتىمقى نامايىشقا 5 نەپەر قۇرۇلتاي ۋەكىلىدىن باشقا يەنە شۋېتسارىيەدە ياشاۋاتقان 6 نەپەر ئۇيغۇرمۇ ئىشتىراك قىلدى. ھولليۇتنىڭ داڭلىق ئاكتيورى ۋە دۇنياغا مەشھۇر كىنو چولپىنى راچاد گېر ئەپەندىمۇ نامايىشچىلارنىڭ سېپىدىن يەر ئالغاچقا، بۇقېتىمقى نامايىش ئىنتايىن داغدۇغۇلۇق ئۆتتى ۋە مەيدانغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن يىغىنى كۆزىتىش ئۈچۈن كەلگەن مۇخبىرلار يېغىپ كەتتى. كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، رىچارد ئەپەندى دالاي لامانىڭ مۇرىدى بولۇپ، ئۇ بۇقېتىم مەخسۇس تىبەت داۋاسىنى قوللاش مەقسىدىدە ئامېرىكىدىن ئالاھىدە جەنۋەگە كەلگەن ئىدى. نامايىش جەريانىدا ئەسقەرجان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ۋەكىللەر رىچارد ئەپەندى بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشۈپ، كۆپلىگەن چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ دىققەت بىلەن كۆزىتىشى ئاستىدا ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ



### قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى يىغىندا 5 مىنوت سۆزلەش ھەققىگە ئېرىشتى

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ باش كاتىۋى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان ۋە مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مۇئاۋىن باش كاتىۋى كېرەم شىرىپ رىياسەتچىلىكىدىكى 5 كىشىلىك بىر ھەيئەت جەنۋە شەھىرىگە بېرىپ، دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ 56 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىغا رەسمىي ئىشتىراك قىلدى ۋە شۇ كۈنكى يىغىندا 5 مىنوت سۆزلەش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. بۇقېتىمقى يىغىنغا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا 178 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى ۋە دۇنيادىكى بارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دەرت - داۋاسىنى تاشقى دۇنياغا ئاڭلىتىشتا ئىنتايىن تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت ئىدى. باشلىرىدا مىللىچە دوپپا ۋە رەتلىك كىيىنگەن بۇ 5 نەپەر ئۇيغۇر ۋەكىل يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ 5 نەپەر ئۇيغۇر ۋەكىللىرى ئەنگلىزچە، گېرمانچە، فرانسۇسچە، خىتايچە، تۈركچە تىللارنى مۇكەممەل بىلىدىغان ياشلاردىن تەركىپ تاپقان ئىدى.

قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى يىغىندا 5 مىنوتلۇق سۆزلەش ھەققىدىن پايدىلىنىپ يىغىن ۋەكىللىرىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ئىلى رايونىنىڭ غۇلجا ۋەقەسىدىن بۇيانقى سىياسىي



ئۆتتى، شۇنداقلا ئۇلار يەنە نەق مەيداندا تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لودى گىير ۋە « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى » نىڭ سابىق باش كاتىۋى ھەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەمىمىي دوستى مايكىل. فون. ۋان ئەپەندىلەر بىلەنمۇ دوستانە ھالدا سەمىمىي كۆرۈشتى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە باشلانغان نامايىش جەمئىي 2 سائەت داۋام قىلدى.

## قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى مەشھۇر شەخسلەر بىلەن بىرگە

شۇكۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بىرلەردە، دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ يىغىن زالىدا، « خىتاي بىلەن سۆھبەت ۋە تىبەت مەسىلىسى » دىگەن تېمىدا بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىۋى ئەسقەرجان باشچىلىقىدىكى 5 كىشىلىك ئۇيغۇر ھەيئىتىمۇ تەكلىپكە بىنائەن بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندا، ھولليۋوتنىڭ مەشھۇر ئاكتيورى رىچارد ئەپەندى، تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لودى گىير ئەپەندى ۋە « ئۇنپو » نىڭ سابىق باش كاتىۋى مايكىل ... قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەر ئارقا - ئارقىدىن سۆزگە چىقىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تىبەت قاتارلىق ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرىگە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى قاتتىق ئەيىپلىدى.



كىشىنى ئالاھىدە سۆيۈندۈرىدىغىنى شۇكى، قىسقارتىلغان نامى « ئۇنپو » دەپ ئاتالغان « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى » نىڭ سابىق باش كاتىۋى مايكىل ئەپەندى بۇقېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە، تىبەت مەسىلىسى ھەققىدە توختۇلۇپ كېلىپ، نۆۋەتتە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تىبەت خەلقىغە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنىڭ ئەينىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى،ۋە ھەتتا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ پەۋقۇلاددە ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتتى ۋە يىغىن زالىدا ئولتۇرغان ئەسقەرجان باشچىلىقىدىكى 5 نەپەر ئۇيغۇر ۋەكىلنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ؛ « مانا بۇلار ئالايغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرى » دەپ تونۇشتۇردى ۋە ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى، چەكسىز ھاياجانغا چۆمگەن ئۇيغۇر ۋەكىللىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، بارلىق يىغىن ئەھلىگە ئۇيغۇرچە سالام بېرىپ ئېھتىرام بىلدۈردى. بۇچاغدا دۇنياغا مەشھۇر كىنو چولپىنى رىچارد ئەپەندى ئۇيغۇر ۋەكىللەر بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى قۇچاغلاپ تۇرۇپ خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى، رىچارد ئەپەندىنىڭ بۇ ھەركىتى يىغىن زالدىكىلەرنى ئالاھىدە جەلىپ قىلدى. مىللىي قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىۋى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان بۇ قىممەتلىك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ رىچارد ئەپەندىگە، « سىز دۇنياغا مەشھۇر ئاكتيور ۋە كىنو چولپىنىسىز، سىزنىڭ خەلقئارالىق سورۇنلاردا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تىبەت خەلقىغە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى ھەر پۇرسەتتە تىلغا ئېلىپ تەكىتلەپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى مەمنۇنىيەت بىلەن كۆزىتىپ كېلىۋاتىمىز، بىزنىڭ سىزدىن ئىلتىماسىمىز شۇكى، مۇمكىن بولسا بۇنىڭدىن كېيىنكى پائالىيەتلىرىڭىزدە تىبەت مەسىلىسىگە قوشۇپ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىشنىمۇ نەزىرىڭىزدىن ساقىت قىلىۋەتمىگەيسىز، ئۇيغۇرلارنىڭ ھالىنىڭ تىبەتلىكلەردىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغىنىڭىزدا بەلكىم بۇنىڭ تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولار، دىگەن ئىشەنچىدىمىز، بۇ ئارقىلىق بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭمۇ ھۆرمىتىنى ۋە ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرىسىز » دەپ بايان قىلدى، رىچارد ئەپەندىمۇ جاۋابەن، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى پائالىيەتلىرىدە تىبەت مەسىلىسى بىلەن



سۈرەتتە: ( ئوڭدىن سولغا) لودى ئەپەندى، رىچارد ئەپەندى ۋە مايكىلئەپەندىلەر

شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئورتاق ھالدا تىلغا ئالىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

ئەسقەرجان بۇ سۆزلىرىنى تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە دالاي لامانىڭ ئورۇنباسارى لودى گىير ئەپەندىگىمۇ ئىزھار قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن خەلقئارالىق سىياسى سەھنىلەردە تىبەت مەسىلىسىگە قوشۇپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىمۇ تىلغا ئېلىپ تۇرۇشنى ئۆتۈندى. لودى ئەپەندى ئەسقەرجانغا بەرگەن جاۋابىدا، ئۆزىنىڭ ھەرزامان تىبەت داۋاسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا ئوخشاش نەزەر بىلەن قاراپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۆزى ئىشتىراك قىلغان بارلىق خەلقئارالىق سورۇنلاردا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى تىبەت مەسىلىسىگە قوشۇپ تىلغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلىدى. رىچارد ئەپەندى، مايكىل ئەپەندى ۋە لودى ئەپەندىلەرنىڭ ئۇيغۇر ۋەكىللەرگە كۆرسەتكەن ھۆرمىتى، يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ ۋە چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى، كۆپلىگەن چەتئەل خەۋەر ئاگېنتلىقلىرى نەق مەيداننىڭ ئۆزىدىلا ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلاردىن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مەلۇمات ئالدى، ھەتتا ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇيغۇرچە، « ياخشىمۇسىز؟ » دەپ ئەھۋال سوردى، ياپونىيە ۋەكىلىنىڭ بۇ ئۇيغۇرچە سالىمى ئۇيغۇر ۋەكىللەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. ئامېرىكىدىكى « ئامېرىكا ئىنسان ھەقلىرى ئائىلىسى » دىگەن نامدىكى بىر تەشكىلاتنىڭ مەسئۇلىمۇ ئۇيغۇر ۋەكىللەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلار بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى 5 - ئايلاردا ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر ئىنسان ھەقلىرى مۇھاكىمە يىغىنىغا دەۋەت قىلدى.

## ئۇيغۇر دوستى مايكىل ئەپەندى

بۇيەردە شۇنى ئالاھىدە ئىزاھلاپ ئۆتمەكچىمىزكى، يۇقارقى يىغىندا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى تىلغا ئالغان ۋە ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنى يىغىن ئەھلىگە ئالاھىدە تونۇشتۇرغان گوللاندىيەلىك مايكىل. فون. ۋالت ئەپەندى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىناس دوستلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىلگىرى ئۇ قىسقارتىلغان نامى « ئۇنپو » دەپ ئاتالغان « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى

# گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرلار نورۇز بايرىمىنى قۇتلۇقلىدى





ھەر يىللىق نورۇز بايرىمىنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن قۇتلۇقلاپ كەلگەن گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرلار، بۇ يىللىق نورۇز بايرىمىنى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » قارمىقىدىكى ئۇسسۇلچىلار سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەسىرلىك ۋە جوشقۇن ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرى بىلەن قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە قۇتلۇقلىدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەچتە گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ياشاۋاتقان بارلىق ئۇيغۇرلار كۆركەملىك بىر زالغا توپلىنىپ، ميۇنخېن شەھرىدىكى بىرجۇپ ئۇيغۇر قىز - يىگىتنىڭ توي مەرىكىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، بۇيىللىق نورۇز بايرىمىنى جوشقۇن كەيپىيات ئىچىدە قۇتلۇقلىدى. توي ۋە بايرام مۇراسىمىدا، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » تەشكىللىگەن ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلار سەنئەت گۇرۇپپىسى جەڭگىۋار كۆرەش تۈسىنى ئالغان ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ، مۇراسىمدىكى 100 دىن ئارتۇق ئانا - ئانا ۋە ئاكا - ھەدىلىرىنى چەكسىز ئۇيغۇلاندۇردى.

بولۇپمۇ ئۇلار ئورۇندىغان « شەرقىي تۈركىستان ئۇسسۇلىرى ئىستىقلال مارشى »، مۇراسىمدىكىلەرنىڭ ئالاھىدە ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. 10 دىن ئارتۇق قىز - ئوغۇل ئۇسسۇلنىڭ جاراڭلىق ھالدا ئورۇندىغان ۋە گېرمانىيەدە سىياسىي پاناھلىق تىلەپ تۇرۇۋاتقان ئالىمجىن تەرىپىدىن يېزىپ چىقىپ ئۇسسۇلچىلارگە تەقدىم قىلىنغان « ئۇسسۇلچىلار ئىستىقلال مارشى » نىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئىستىقلال يولىدا ئاقتى قېنىمىز،<br>
ئەي ۋەتەن سەن ئۈچۈن پىدا جېنىمىز،<br>
مۇستەقىل، باياشات، ھۆر ھايات ئۈچۈن،<br>
جانغا - جان، قانغا - قان، قىساس ئالىمىز!

ئوغۇز، ساتۇق، بۇغرالارنىڭ ئەۋلادلىرىمىز،<br>
تارىخلاردا دەۋران سۈرگەن ئەجدادلىرىمىز،<br>
پاكىزلايمىز يۇز - كۆزۈڭنى ئىسسىق قان بىلەن،<br>
بەل باغلىدۇق ياۋغا قارشى، كۆرەش ئەھدىمىز!

ميۇنخېندىكى ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىرى سەنئەت گۇرۇپپىسى يېقىندا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار 20 گە يېقىن ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىدىن تەركىب تاپقان، بۇ سەنئەت گۇرۇپپىسىغا « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ ئەزالىرىدىن دىلنار خانىم، پەرىدە خانىم ۋە ئالىمجانلار بىۋاستە رىياسەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلمەكتە. دۇنيادا 220 مىڭ ئەزاسى بولغان ۋە ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام تەشكىلاتى ھېساپلانغان « ياۋروپا مىللىي كۆرۈش تەشكىلاتى » يېقىندا بۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىرى سەنئەت گۇرۇپپىسىنى ئۆزلىرىنىڭ پات يېقىندا ئۆتكۈزىدىغان يىللىق ئومۇمىي قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئۇيغۇرچە ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرىنى ئورۇنداپ بېرىشقا تەكلىپ قىلدى.

## قېرىنداش گېزىت - ژۇرناللىرىمىزغا سالام!

[illegible]

« ئىستىقلال » گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى

گېزىتنىڭ ساھىبى قۇرۇلتاي نامىدىن:
ئەنۋەرجان
مەسئۇل مۇھەررىر:
پەرھات مۇھەممىدى
تەھرىر : تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
مونتاژ : ئۆمەرجان شاھيارى
كورېكتور: ئۇچقۇن قەشقىرى

تەھرىرھەيئەت ئەزالىرى:
ھاجى ياقۇپ (تۈركىيە)
ئابلىكىم باقى (تۈركىيە)
سىدىقھاجى روزى (ئامېرىكا)
ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋستىرالىيە)
سىيتجان قەيسەر (ئۆزبېكىستان)
ئەختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان)
ئەسقەرجان (گېرمانىيە)
قەھرىمان غوجامبەردى (قازاقىستان)

گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مۇقىنەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر، گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ، ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخبارات - ئۇچۇرلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
HypoVereinsbank
Konto Nr:
43728446
BLZ:70020270

ئادرېسىمىز:
Ostturkistanischer
(Uigurischer)
National Kongress
Landwerstr 17
80336 Munchen
Germany
Tel:
0049 89 55 86 99 86
Fax:
0049 89 55 86 99 87